دۇنيا چۆللىششنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قۇرغاقچىلىق كۈنىگە نەزەر

سىرىق قۇمدىن تەدرىجىي يېشىللىققا پۈركەنگىچە «ھالاكەت دېڭىزى»دىن «ئىقتىساد بوستانلىقى»غىچە

# شىنجاڭنىڭ چۆللىششنى تىزگىنلەش خىزمىتى تەدرىجىي گۈزەل مەنزىلگە قەدەم قويىدى




□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ شياڭ

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 26 ـ قېتىملىق دۇنيا چۆللىشىش ۋە قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈنى، دۆلىتىمىزنىڭ تەشۇيقات باش تېمىسى «قول تۇتۇشۇپ قۇمدىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى توسۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى ئورتاق قوغداش».

شىنجاڭدا ئىنسانلارنىڭ چۆللىششكە قارشى كۈرىشى باشتىن ـ ئاخىر داۋاملاشماقتا. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭدا 24 مىليون 660 مىڭ مو قۇملاشقان يەر تىزگىنلەندى. سىرىق قۇمدىن تەدرىجىي يېشىللىققا پۈركەنگىچە، «ھالاكەت دېڭىزى»دىن «ئىقتىساد بوستانلىقى»غىچە، كۆپ يىل چۆللۈك ۋە نامراتلىق بىلەن ئىزچىل ئېلىشىش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ چۆللىششنى تىزگىنلەش خىزمىتى تەدرىجىي گۈزەل مەنزىلگە قەدەم قويىدى.

## «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى» قۇرۇلۇشى ئارقىلىق مۇستەھكەم توسۇق بەرپا قىلىندى

قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالغاندا، كۆرۈنىدىغىنى چېكى يوق سىرىق قۇملۇق بولۇپ، خۇددى بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋان تەرەپ ـ تەرەپتىن بوستانلىقنى كۆزىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئېگىز ئىھاتە ئورمىنى گوياكى يېشىل توسۇقتەك، تۇتاش كەتكەن ئېگىز ـ پەس سىرىق قۇمنى يىراقتا توسۇپ تۇرىدۇ...

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ چەت رايونلىرى، تەكلىماكان قۇملۇقىغا تارقاق جايلاشقان بوستانلىقلار چۆللەشكەن ۋە قۇملاشقان يەرلەر تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قورشىلىپ تۇرىدۇ. ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى توسۇقى بەرپا قىلىپ، قۇملۇقنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ئاستىلىتىش شىنجاڭغا نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭ دۆلەتنىڭ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق ئۆلكە (رايون)لارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن ھازىرغىچە، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، ئورمان بايلىقى ئومۇمىي مىقدارىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، جەمئىي 70 مىليون مودىن ئارتۇق ئورمان بىنا قىلىپ، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ـ قۇمنى تىزگىنلەش مۇساپىسىنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ ئاھالىسى قىيۇم تۇرسۇن يەنە ناھىيە بازىرىدىكى دۆڭچېك رايونىغا كېلىپ سەيلە قىلدى. بۇ جاي ئىلگىرى قاقاس چۆللۈك بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ، قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان جايغا ئايلاندى. «ئىلگىرى بۇ يەردە بىرنەچچە ئائىلىلىك كىشىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئەتراپى پۈتۈنلەي قۇملۇق ئىدى، ئىھاتە ئورمان بەلبېغى قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مۇھىتىمۇ تەدرىجىي ياخشىلاندى، بۇ يەر ياسالغاندىن كېيىن، ھازىر ئارام ئېلىش، سەيلە قىلىشىمىزدىكى ئالدىن تاللايدىغان جاي بولۇپ قالدى» دېدى ئۇ.

يېشىل توسۇق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغىمۇ كاپالەتلىك قىلدى.

تاڭ سەھەردىكى سالقىن ھاۋادا، مەكىت ناھىيەسىنىڭ قۇمقۇسار يېزىسى يۇقىرى تاۋا كېسسك كەنتىدىكى ئېتىزلىقتا كەنت ئاھالىسى ئىمىن بارات كۆچەت دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىۋاتاتتى. ئېتىز ئەتراپىدىكى ئېگىز ئۆسكەن يوغان قاتار دەرەخلەر خۇددى قولىغا قورال ئېلىپ پوستتا تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللاردەك قۇملۇق بويىدىكى بۇ تۇپراقنى قوغداپ تۇراتتى. «بۇ قات ـ قات ئىھاتە ئورمىنى ئېتىز ۋە كەنتلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ، شۇڭا تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان قۇم ـ بوراننىڭ زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى ئۇ.

قۇم ـ بوران ۋە قۇرغاق ئىسسىق شامال شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئىككى چوڭ تەبىئىي ئاپەت بولۇپ، ئىلگىرى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ بېشىنى قاتۇرغانىدى، بىر قېتىملىق زىرائەت ھوسۇلىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، ھەتتا ھوسۇل ئېلىنماي قېلىشى بىلەن ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئەسلىگە كېلەلمەيتتى.

ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى، چوڭ تىپتىكى بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش غول ئورمان بەلبېغى ۋە تەبىئىي چۆل ئورمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئورمان، كۆپ بەلباغلىق، غوللۇق چاتقال، تورسىمان بەلباغ بىرلەشتۈرۈلگەن ئۈنۈبېرسال ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدا تەدرىجىي شەكىللەندى، نۆۋەتتە، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشىنى كۈچلۈك ئېكولوگىيە كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

كۆپ يىل بىنا قىلىنغان ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىدا، بۈگۈنكى كۈندە ئورمانلاردا چېكىنىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بۇ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىدا ئورمانلارنىڭ چېكىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سالمىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، «يېشىل سەددىچىن سېپىلى»نىڭ ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئېكولوگىيە ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلايدۇ.

## مۇداپىئە ھۇجۇمغا ئۆزگەرتىلىپ، زېمىن يېشىللىققا پۈركەندى

قۇم بېسىپ كىرىپ ئادەم چېكىنىشتىن قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق چۆللىشش قەدىمىنى توسۇشقىچە، كىشىلەر ئىزچىل تۈردە «مۇداپىئە»نى ئاساس قىلىپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، چۆللىششنى تىزگىنلەش بارا ـ بارا مۇداپىئەنى ھۇجۇمغا ئۆزگەرتىش باسقۇچىغا كىرىپ، چۆللۈكنى يېشىللىققا ئۆزگەرتىش قۇملۇق رايونىدىكى ئاممىنىڭ قەلب تەلپۈنۈشىگە ئايلاندى.

بۇ يىل 73 ياشقا كىرگەن رەخىم ئىمىن چەرچەن ناھىيەسىدە تۇرىدۇ. 22 يىل ئىلگىرى، چەرچەنگە قۇم بېسىپ كىرگەندە، ئۆزىنىڭ بىر توپ ئەزىمەتلەر بىلەن پۇچقىقىنى تۈرۈپ، قۇملۇققا بۆسۈپ كىرىپ، ئورەك كولاپ كۆچەت تىككەن مەنزىرە ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىدە.

«ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغدا كۆچەت تىكسە ئەي بولمايدىغانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىلەتتى، ئەمما ئۇلار ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد باغلايتتى، بىر تۈپ كۆچەت ئەي بولسىمۇ، قۇم ـ بوران سەل ئازىياتتى» دەپ ئۆتمۈشنى ئەسلىدى رەخىم قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا.

ۋاقىتنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈشى، تېمىتىپ سۇغىرىش، ئايروپىلاندا دورا چېچىش ھەمدە كۆچەت تىكىش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن، بۇ تۇپراقتا بىر تۈپ دەرەخنى ئەي قىلىش ئۇنچە تەسكە توختىمايدىغان بولدى. يىللار ئۆتكەنسېرى كىشىلەر ھاردىم ـ تالدىم دېمەي يۇرت ـ ماكانىنى يېشىللاشتۇردى، بۈگۈنگە قەدەر، چەرچەن ناھىيەسىنىڭ يېشىللىق كۆلىمى 115 مىڭ موغا يەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارمۇ سىجىل، كەڭ كۆلەمدە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يېشىللىق كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا بەرپا قىلىنغان بوستانلىق كۆلىمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن 62 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا كېڭەيدى.

پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، تېخنىكا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، چۆللۈك رايونلار يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش ئورنىغا ئايلانماقتا.

6 ـ ئايدىكى ماناس ناھىيەسىنىڭ سۇساتقان يېزىسى جارسۇات كەنتىدىكى قاقاس تۆپىلىكتە، ئون نەچچە مىڭ تۈپ قارىياغاچ، جىغان، توغراقلار بۆك ـ باراقسان ئۆسكەنىدى. بۇ دەل ـ دەرەخلەرنى تىكىشتە سۇغارماي ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكىسى قوللىنىلغان بولۇپ، سۇ يىغىش رايونى، دەرەخ يىلتىزى كېڭىيىش رايونى، سۇ ساقلاش رايونى ئارقىلىق يىغىلغان يامغۇر سۈيى ئوتتۇرا قىسىمدىكى دەرەخ يىلتىزى كېڭىيىش رايونى ئارقىلىق تۆۋەن قىسىمدىكى سۇ ساقلاش رايونىغا سىڭىپ كىرىدۇ، ئەڭ كۆپ زاپاس سۇ مىقدارى ئون كىلوگىرامغا يېتىدۇ ھەم سۇ يىغىش رايونىنىڭ سىرتقى يۈزىگە نېپىز سولىياۋ يوپۇق يېپىلىپ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئازايتىلىپ، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ، بۇنداق تېخنىكا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز بولغان چۆللۈك رايونلىرىدا ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

خوتەن، گۇما، قاراقاشتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە تۇتاشقان جايدا، قۇملۇقنى تۇراقلاشتۇرۇش تېخنىكىسى قۇملۇقنى ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇردى. بۇ تېخنىكا مىخانىكا پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، ئۆسۈملۈكلەردىن ئايرىۋېلىنغان ماددىلارنى قۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ، قۇمنىڭ چېچىلىشىنى چەكلەپ، سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلاپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتى 20 مىڭ مودىن ئارتۇق چۆللۈكنى ئۆزگەرتىپ، چۈجگۈن ئوت، بېدە، كۆممىقوناق، ئاق قوناق قاتارلىق ئون نەچچە خىل زىرائەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆستۈردى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى قىرغاۋۇل، ياۋا توشقانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن جەلپ قىلدى.

قۇملۇق ئوراپ تۇرىدىغان مەكىت ناھىيەسى پىندىق ياڭىقى قاتارلىق كۆچەتلەرگە PVC كىيدۈرمە تۇرۇبا يېپىش ئارقىلىق كۆچەتلەرنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك كىلىماتنى قىسمەن ياخشىلاپ، كۆچەتلەرنىڭ قىشتىن نورمال ئۆتۈشىنى قوغداپ، ياز پەسلىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا تاقابىل تۇرۇپ، ياۋا توشقانلارنىڭ غاجىشىدىن ساقلىنىپ، كۆچەتلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان قاقاس تاغ باغرىغا ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ چەكسىز يوشۇرۇن كۈچى مۇجەسسەملەنگەن.

ئورمان بىنا قىلىشقا ماس كەلسە ئورمان بىنا قىلىش، تىرىقچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە تىرىقچىلىق قىلىش، تىرىپمۇ ئەي قىلغىلى بولمايدىغان، ئېچىش شارائىتى ھازىرلانمىغان قۇملاشقان تۇتاش يەرلەرگە قارىتا، تەبىئەتنىڭ كۈچىگە ئىشىنىش تاللاپ، ئۇنى چەكلەپ قوغداش كېرەك.

يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى دۆلەت قۇملاشقان يەرلەرنى چەكلەپ قوغداش رايونىدا، جىمجىتلىقتىن شامالدا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنىلا ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە ئادەم يوق، چارۋا يوق. ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ۋە ئېگىز ـ پەسلىكى ئوخشاش بولمىغان چاتقال، دەرەخلەرلا بار بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ئۆزىنى يېڭىلاش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ھاياتىي كۈچى ئەسلىگە كېلىدۇ.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇلغۇن، توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش، سۇغارماي ئورمان بىنا قىلىش، قۇرۇلۇش ئارقىلىق قۇمنى تىزگىنلەش، تۆۋەن قاپلىنىش دەرىجىسىدىكى ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار، ئەمەلىي قۇم تىزگىنلەش ئەندىزىسى شەكىللەندى ھەم ئومۇملاشتۇرۇلدى. سىياسەت مېخانىزمى، تېخنىكا ئەندىزىسى، كەسپ تەرەققىياتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگو، ھەتتا دۇنيا چۆللىششنى تىزگىنلەشنىڭ «شىنجاڭ نۇسخىسى» بىلەن تەمىنلەندى.

## قۇم بىلەن دوست بولۇپ، چۆللۈكنى ئالتۇنغا ئايلاندۇردى

قۇم تىزگىنلەش جەريانى قۇم بىلەن ئېلىشىشتىن قۇم بىلەن دوست بولۇشقىچە بولغان جەرياندۇر.

ئىلگىرى، لوپ ناھىيەسىدىكى دېھقان ئىمىن بارات بىيابان قۇم دېڭىزىغا يۈزلەنگىنىدە ئېچى ئاچچىق بولاتتى. ئەمما ھازىر ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، يۇلغۇنلار بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، ئەسلىدىكى تىمتاس قۇملۇققا ھاياتىي كۈچ قوشتى.

«يۇلغۇن قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە يىلتىز قىسمىدا پارازىت ياشايدىغان نەيچىسمان گۈللۈك توشقانزەدىكى (يۇلغۇن توشقانزەدىكى)نى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. يۇلغۇن توشقانزەدىكى ‹قۇملۇق ئادەمگىياھى› دەپ ئاتىلىدۇ، دورا بىلەن داۋالاش، قۇۋۋەت تولۇقلاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشلىتىلىدۇ» ئۇ مۇنداق دېدى: «يۇلغۇن توشقانزەدىكى پىشقاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىرىنىڭ چوڭلۇقى ئادەمنىڭ بىلىكىچىلىك توملۇقتا بولىدۇ. بىز بىلەن زاكاز ئىمزالىغان كارخانىلار قەرەللىك كېلىپ سېتىۋالىدۇ، مۇشۇنىڭدىنلا ھەر يىللىق كىرىم ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ».

بۇ تەرەپتىكى قۇم ئاپەتتى قۇم پايدىسىغا، ئۇ تەرەپتىكى قۇم ـ بوران مەنزىرىگە ئايلاندى.

بۇلبۇللار سايراپ، قارلىغاچلار ئۇسسۇلغا چۈشتى، قۇشلار يېقىملىق سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چاچتى، بۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ باغچىغا بولغان تەسراتى. ئەمما، قۇملۇق باغچىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ھەم بىر پارچە ئىپتىدائىي قۇملۇق دۇنياسى، ھەم بىر تەبىئىي چۆللۈك ئۆسۈملۈك باغچىسى.

پىچان ناھىيەسىدىكى قۇمتاغ قۇملۇقى دۇنيادىكى شەھەرگە ئەڭ يېقىن قۇملۇق، گەرچە شەھەر بىلەن قۇملۇقنىڭ چېگراسى ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى كىشىلەر قۇملۇق بىلەن بىللە ياشاشقا ئاللىقاچان كۆنۈپ كەتكەن. كۆپ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، پىچان دۆلەت قۇملۇق باغچىسى شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇكەممەل مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئادەتتە ئاز ئۇچرايدىغان 149 خىل قۇملۇق ئۆسۈملۈكى مەنزىرە رايونىغا تارقالغان. قۇملۇق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ئۈچۈن، مەنزىرە رايونى يەنە چەكلەش بىلەن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىدە توغراق ۋە سۆكسۆكتىن بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇملۇق ساياھەت رايونى ۋە بوستانلىق ساياھەت رايونى شەكىللىنىپ، ھەر يىلى نۇرغۇن ساياھەتچىنى بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى، سىرىق رەڭ بىلەن يېشىل رەڭ بۇ يەردە بىر ـ بىرىنى تولۇقلىدى. نۆۋەتتە شىنجاڭدا 36 دۆلەت قۇملۇق باغچىسى (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى دۆلەت قۇملۇق باغچىسى ئەڭ كۆپ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ھېسابلىنىدۇ.

چۆللۈك «ئۈجمىلىك»كە ئايلاندى، سىرىق قۇمدىن ئالتۇن چايقالدى. قۇملۇق رايونى خاس كەسپى، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، قۇمنى تىزگىنلەپ بېيىش بىر تاختا شاھمات بولۇشتەك تەرەققىيات يولىغا تايىنىپ، شىنجاڭدا چاتقال ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى، ئىقتىسادىي باغۋەنچىلىك، قۇملۇق ساياھەتچىلىكى قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان قۇملۇق رايونى خاس كەسپى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، يەم ـ خەشەك، دورا، ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى، گىرىم بۇيۇملىرى، يېمەكلىك، ئىچىملىك، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق زور بىر تۈركۈم قۇملۇق كەسپى مەھسۇلاتلىرى ئېچىلىپ، تېرىقچىلىق، پىششىقلاش، ساقلاش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، كەسىپ زەنجىرى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر يىلى قۇملۇق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىپ، قۇمغا چېتىشلىق پىششىقلاش كارخانىسى 93كە، بۇ كارخانىلارنىڭ يىللىق پىششىقلاش ئىقتىدارى 1 مىليون 180 مىڭ توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭ قۇملۇق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قۇمنى تىزگىنلەش بىلەن كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە 144 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىي تاماملىنىپ، ۋەزىپە مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ تاماملاندى. پۈتۈن بىر يىلدا 5182 نامراتلارنى يۆلەش تۈرى يولغا قويۇلۇپ، 37 مىليارد 567 مىليون يۈەن مالىيە مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %12.44 ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە %91.4ى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئىشلىتىلدى. بىر قاتار تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا جەمئىي 2 مىليون 923 مىڭ 200 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 25 نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %19.4تىن %1.24كە تۆۋەنلىدى.

شىنجاڭنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %95تىن يۇقىرى بولدى؛ نامرات ئاغرىقلار ناھىيە تەۋەسىدىكى بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشتا «ئالدى بىلەن داۋالاش، ئاندىن ھەق تۆلەش» ۋە «بىر كۆزنەك»تە راسچوت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نامرات نوپۇسنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى ۋە يېزا ـ كەنت شىپاخانىسى (داۋالاش ئۆيى)نىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخقا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلدى، بارلىق نامرات كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يوللار تۇتاشتۇرۇلۇپ، توك يەتكۈزۈلۈپ، نامرات ئاممىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

چېن لىبى مۇنداق دېدى: بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 165 مىڭ 800 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇسنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكى، يېڭى نامراتلىقنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ، زاپاس تۈرلەرنى ئايلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى سىجىل كېڭەيتىش قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا تەكىتلەندى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ «بىر يۈرۈش» سېلىنما ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، مەبلەغ سېلىش خىزمىتى بالدۇر باشلاندى، ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتى قىسقا، تۈر زاپىسى كۆپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق ئالغا سىلجىتىش تېز، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ياخشى، سىياسەت تەدبىرلەر ئەمەلىي، جەمئىيەت تەسىرى چوڭقۇر، تۈرتكىلىك رولى زور بولدى، 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم بولۇپ قايتا ئېشىشىغا ئۈنۈملۈك كۈچ قوشتى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، تۈرلەرنى ئايلاندۇرۇش ۋە مەبلەغ كاپالىتى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: «بالدۇر زاپاس ساقلاش، ئالدىنقى باسقۇچنى تېزلىتىش، ئايلاندۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش، ئىمكانقەدەر تېز ئىش باشلاش» تەلىپى بويىچە، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر تۈركۈم «ئىككى يېڭىچە، بىر مۇھىم» (يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق مۇھىم، زور قۇرۇلۇش) تۈرلىرىنى زاپاس ساقلاش، ئالدىن تاللاشنى چىڭ تۇتۇپ، يىرىك پىلانىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق، غەيرىي ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ۋە تىجارەت خاراكتېرىدىكى تۈرلەرنى ئىلمىي پەرقلەندۈرۈپ، مەبلەغ كاپالىتى شەكلىنى مۇۋاپىق لايىھەلەپ، «نىشانلىق» سېلىنما سېلىپ، زاپاس تۈرلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى تېز، ئەمەلىي ياخشى ئىشلەپ، ئىختىچاملاپ باشقۇرۇش ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، راست نام بىلەن تىزىملىكلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، «بىر تۈر، بىر لايىھە، بىر مەخسۇس بەنزە» تەلىپى بويىچە، تولۇق مۇھىم ئامىللىق كاپالەتنى بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرى ئۈنۈملۈك، دەل جايىدا ئالغا سىلجىتىپ، توسالغۇسىز ئىش باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مالىيە مەبلىغىنىڭ يېتەكلەش، قوزغىتىش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى بولغان سېلىنما ئايلىنىشنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ۋە مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، جانلىق پايدىلىنىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشقا ئۇزاق مۇددەت قاتنىشىش قىزغىنلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشنى ھەر تەرەپلىمە قانات يايدۇرۇپ، سودىگەر جەلپ قىلىش سالمىقىنىڭ كېمەيمەسلىكىگە، تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ توختاپ قالماسلىقىغا، مۇلازىمەت قىزغىنلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «شىنجاڭ ياخشى جاي» تەرەققىيات كەيپىياتىنى پائال يارىتىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە كومىتېتى بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، ساھە، تارماقلار ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان، بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىدىغان تۈرلەرنى تۇتۇپ مەبلەغ سېلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، پارتىيە كومىتېتى شۇجىسى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. زاپاس تۈرلەرنى تىزىملىكلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا تولۇقلاپ، ھەرىكەت ھالىتىدە يېڭىلاپ، دەل جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەپ، تۈرلەرنىڭ قەرەلىدە ئايلىنىشى، قەرەلىدە پۈتۈشى، قەرەلىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى، قەرەلىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ زاپاس تۈرلەرنى ئايلاندۇرۇش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى تەجرىبە تونۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جاۋ جۈجېيۇ، جاۋ چىڭ، ۋەن خېيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.